## 33679 ـ كۆچلۈكلۈك ۋە ئاجىزلىق ئوتتۇرسىدىكى ئىسلام ۋە غەرب

**سۇئال**

مۇسۇلمانلانلارگە يۈزلەنگەن بالايى –ئاپەتلەرگە قاراپ ،شۇنى بىلگۈم كېلىدۇ:ئىسلام هايات يولى بىلەن غەربىپ باياشات ـ ئالغا باسقان ۋە كۆچ قۇدرەت هايات ئوتتىرستىكى پەرىق نىمە ؟هەم ئككى جەمئەت ئاياللىرىغا بولغان بەلگۈلىمىلەر ئوتتورىسىدىكى پەرىق نىمە؟مەن بۇ دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار ئەھۋالىغا قايغۇرۇپ بۇ سۇئالنى سوراۋاتىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدىھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

1–بۇ مۇسۇلمانلارغا چۈشۈۋاتقان بۇ بالايى قازالار ۋە مۇسىبەتلەر پەقەت ئۇلار ئۆزلىرى جەمئەتلىرى ۋە دۆلەتلىرى ھەققىدىكى ئاللاھنىڭ قانۇنلىرنى تاشلىۋەتكەنلىكتىن چۈشىۋاتىدۇ.ئۇلار ئاللاھقا ياردەم قىلمىسا ،ئۇ قانداقسىگە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ؟

ئۇھۇد جىڭىدە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرگە (ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىغى ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئىتائەتسىزلىك قىلغاندا ،ئاللاھ ئۇلارنى مەغلوبىيەت بىلەن جازالىدى ،گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىغى ئۇنىڭغا بولسۇن ) ۋە ساھابىلارنىڭ ئاقسىقاللىرى بولسىمۇ .شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار ئاللاھقا كىچە –كۈندۈز ئىتائەتسىزلىك قىلىۋىتسا ،ئۇنىڭ دىنى بەلگىلىمىلىرىدىن چىقىپ كىتىۋاتسا (ئاللاھ رەھىم –شەپقەت قىلغانلار ئۇنىڭ سىرتىدا )مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى نىمە بولماقچى؟

2–گەرچە مۇسۇلمانلار بالايى– ئاپەت،مۇسىبەتلەر ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ ،غەربىپ ئۆز جەمئەتلىرى ۋە ئۆز ئەھۋاللىرى ھەققىدە دۇچ كېلىۋاتقانلىرى بەكراق ئېغىر ۋە قاتتىقتۇر .يەنى ئىتىقات، بىخەتەرلىك ،ئائىلە توغرىسىدا،بولۇپمۇ ئاياللارغا موناسىۋەتلىك مەسىللەردە يولىقىۋاتقانلىرى تېخىمۇ ئېغىردۇر.غەربىپ دۆلەتلىرنىڭ يىقىنقى ستاستىكىسىغا قارساق ،ئۇلار ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىكەنلىگىنى كۆرىمىز ،بىز بىر نەچچە مىسال بىلەن قاراپ باقايلى :

بىر قىسىم ياۋرۇپا دۆلەتلىردە 65% ئايال ئىشچىلار خىز مەت ئورونلىردا جىنسى پاراكەندىچىلىككە ئۇچرايدۇ .

ئامرىكىدا 18% ئايال ئۆز ھاياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا باسقۇنچىلىق قىلىنىدۇ ياكى باسقۇنچىلىققا ئۇرۇنىلىدۇ.

باسقۇنچىلىق قىلىنغان ئاياللارنىڭ يىرىمدىن كۆپرەكى 17 ياشتىن تۆۋەن "ستاستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر"141 ب.

1993–يىلى ئىيۇن بىلەن فىۋرال ئارىسىدا كانادادىكى بىر تىلفۇن بىلەن بولغان 12300 ئايال ھەققىدىكى ستاستىكىدا :

كانادا ئاياللىرنىڭ يىرىمى 16ياشتىن كيىن جىسمانى ياكى جىنسى زورروۋانلىق ۋەقەسىگە ئۇچۇرغان .

45% تى ئۇلارغا ناتۇنۇش ئەرلەر تەرىپىدىن چىقىلغان .

23%تى ناتۇنۇش كىشلەر تەرپىدىن چىقىلغان .

23%تى نىكاھ ماجراسى سەۋەپلىك قورال بىلەن چىقىلىنغان . "ستاستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر"141 ب.

ئامرىكىدا:

ھەر يىلى بىر مىلىيۇن ھارامدىن بولغان بالا تۇغۇلىدۇ،

12مىلىيۇن بالا ئۆيسىز ھەم ناچار مۇھىتتا ياشايدۇ.

ھەر يىلى بىر مىلىيۇن بالا ئالدۇرۇشتىن بولىدۇ.

ئەنگىلىيىدە:

بىر يىلدا 25مىلىيۇن شەھۋانى مەزمۇندىكى تېلفۇن خاتىرلەنگەن.

لاتىن ئامرىكىسىدا 40 مىلىيۇن بالا ئۆي ماكانسىز.

شىۋىتسايىيە قانۇنى ئاكا –ئۇكا بىلەن ئاچا –سىڭىلنىڭ توي قىلىشىنى رۇخسەت قىلىدۇ.

"ستاستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر"150 ب.

بىز سىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن پەخىرلەنگەنلىكىڭگە مۇسۇلمانلار ھەققىدە ھامىلارچە قىزغانغانلىقىڭغا رەھمەت ئېيتىمىز .

ئاللاھتىن بىزگە ۋە ساڭا كۈچ قۇۋۋەت بىرىشنى سورايمىز،ھەمدە ئاللاھ ھەممە كۈچ قۇۋۋەتنىڭ مەنبىيى.